# ئىسلامدا نامازنىڭ ئورنى ۋە پەزىلىتى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ ئەلى ئىبنى ئابدۇراھمان ئەلھۇزەيپى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



2013 - 1434

IslamHouse.com

# الصلاة ركن عظيم

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ علي بن عبد الرحمن الحذيفي

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2013 - 1434

IslamHouse.com

# ئىسلامدا نامازنىڭ ئورنى ۋە پەزىلىتى

2009-يىلى 10-ئاينىڭ 09-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى ماختاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت سالام يوللىغاندىن كېيىن جۈمە نامىزى ئۈچۈن جەم بولغان يۈزمىڭلىغان جامائەتكە، "نامازنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ۋە پەزىلىتى" توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر ئۈچۈن ناھايىتى كاتتا، ئېسىل، ياخشىلىقى داۋاملىشىدىغان، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى ئىسلاھ قىلىدىغان، قەلبىڭلارنى تازىلايدىغان، ئەخلاقىڭلارنى تۈزەيدىغان، رىزقىڭلارنىڭ كەڭرى بولىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان، دۇنيادىكى ھاياتلىقنى گۈللەندۈرىدىغان، جەننەتتىكى ئورنۇڭلارنى يۈكسەك قىلىدىغان، بۇ ئەمەلنى قىلىش ئارقىلىق سالىھلارنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدىغان، كۆزلىگەن ئارزۇيۇڭلاردىنمۇ يۇقىرى نەرسىگە

ئېرىشىدىغان بىر نەرسە بار، بۇ كاتتا نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟!، ئۇ بولسىمۇ بارلىق پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەبلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىنغان نامازدۇر. ناماز ئىككى گۇۋاھلىق سۆزىدىن كېيىنكى ئەڭ يۇقىرى ئىبادەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى يولغا قويغان بارلىق ساماۋى دىنلاردا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان، ئاللاھ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى كىشىلەردىن ناماز ئوقۇمىغانلارنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ھەر ئۇممەت. ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) ئاللاھ نىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى ئاللاھ ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ.» ھەج سۈرىسى 34-35- ئايەتلەر.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەھمەت-شەپقىتى بىلەن بۇ ئۇممەتكە ئۇلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرنىڭ ئىسلىلىكى ۋە چۈشۈرگەن كىتابىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئۇممەتلەرگە ئاتا قىلمىغان نېمەتلەرنى مەرھەمەت قىلدى. ئاللاھ نامازنى ئىسلام ئۇممىتىگە مېراج كېچىسىدە پەرز قىلدى. ئاللاھ ئۆز بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەزى ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاسمانلارنىڭ ئەڭ ئالىيغا ئۆرلىتىلىپ سىدرەتىل مۇنتەھاغا يەتكۈزۈلدى. ئاللاھ ئۇنى ھېچ قانداق كىشى يېتەلمىگەن ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈردى. ھېچ بىر پەرىشتىنىڭ ۋاستىسىز بەش ۋاقىت ناماز ئاللاھ تەرىپىدىن پەرز قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئىمام بولۇپ ھەر نامازنى ئەۋۋەلقى ۋە ئاخىرقى ۋاقتىدا ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! بۇ ئىككى ۋاقىت سەندىن

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتى ئىدى، دېدى.

ئاللاھنىڭ نامازنى جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ئىمام قىلىپ، ئۆزى بىۋاستە پەرز قىلىشى نامازنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى ۋە ئالاھىدە پەرز قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ نامازنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى قۇرئاندا بايان قىلىپ بەردى ۋە بۇنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەپلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بەردى ۋە ساھابىلارغا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تەلىم بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا سەپەردە ياكى مۇقىم تۇرغان ۋاقىتلىرىدا كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى ۋە كىشىلەرگە: «مېنىڭ ناماز ئوقۇغۇنىمنى كۆرگىنىڭلار بويىچە ناماز ئوقۇڭلار» دېدى. ھەر بىر ئەۋلاد ئۆزىدىن بۇرۇنقىلاردىن نامازنى تەلىم ئالدى. ھېچ بىر كىشى ئاغزاكى ياكى ئەمەلىي تەرەپتىن بولسۇن نامازغا سەل قارىمىدى. ئاللاھنىڭ بىزنى

مۇسۇلمان قىلىپ يارىتىپ، دىنىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ بەرگەنلىكىگە ھېسابسىز شۈكرى ئېيتىمىز.

ھەقىقەتتە نامازغا بارلىق ياخشىلىقلار مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، زېمىندا ناماز ئوقۇلىدىكەن دىن ساقلىنىپ قالىدۇ. نامازغا سەل قارىلىدىكەن دىن سۇسلىشىدۇ .ناماز ئوقۇلمايدىغان زېمىندا ساغلام دىن بولمايدۇ. ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ بولىشى بىلەن ئىنسانىيەت ئىسلاھ قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئازلاپ كېتىشى ياكى توغرا يولدىن چەتنىشى بىلەن زېمىندا پاساتچىلىق ئەۋج ئالىدۇ.

ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ساھابىلار ئادا قىلغاندەك ئادا قىلغان بولسا ئىدى، ئىسلام مىللىتى تۇرلۇك يامانلىق ۋە پىتنە-پاساتلاردىن ساقلىنىپ، بالا- مۇسىبەتلەردىن ئامان قالاتتى. ئاللاھ دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىغا ئۆزى كۇپايە قىلاتتى. ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-ئايالنىڭ ئەھۋالى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئىشلىرى رەتلىنىپ، ئاقىۋىتى ياخشى بولاتتى.

كىشىلەر نامازغا سەل قاراشقا باشلىدى. بەزىلەر نامازنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىۋەتتى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇدى. بەزىلەر تولۇق قائىدىسى بىلەن ئادا قىلمىدى. بەزىلەر مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئوقۇشنى تەرىك قىلدى. نامازدا كۆرۈلگەن كەمچىلىك كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىدا ئەكىس تەسىر كۆرسەتتى نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى. بۇ توغرىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى (يەنى دىنىم، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن. كەھف سۈرىسى 24-ئايەت. ئەنەس ئىبنى مالىكنى بەزى يارانلىرى يوقلاپ كىرگەندە، ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلار: نېمىگە يىغلايسىز؟ دەپ سورىغانىدى، ئۇ: " كىشىلەرنىڭ نامازنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇۋاتقانلىقىغا قاراپ يىغلايمەن" دەپ جاۋاپ بەردى. ناماز ئىسلامدىكى بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، ئۇنىڭ تۈۋرۈكى ناماز» دېگەن.

نامازنىڭ ئاساسى خۇشۇدۇر(يەنى ئاللاھنى چەكسىز ئۇلۇغلىغان ۋە قورققان ھالەتتە تۇرۇش)، سۈننەتكە مۇۋاپىق ھالەتتە جامائەت بىلەن مەسچىتتە ئادا قىلىش نامازنىڭ ماھىيىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى، (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھ نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.» مۆمىنۇن سۈرىسى 1- 2-ئايەتلەر. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازغا ئەزان ئوقۇلغاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ، سەۋەبسىز( بۇ يەردە نامازنىڭ ۋاقتىنى قەستەن كېچىكتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.-م-) نامازغا كەلمىگەن كىشىنىڭ كىيىن ئوقۇغان نامىزى ناماز ھېسابلانمايدۇ». ئەمما ئاياللار ۋە خانىم- قىزلارنىڭ نامازنى ئۆيدە ئادا قىلىشى ياخشىدۇر. ئۇممۇسەلەمە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايالالرنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ئورنىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىچكىرى ئۆيىدۇر».

ئاللاھ ھەممەيلەننى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ناماز ئارقىلىق قەلبىمىزنى ئىسلاھ قىلسۇن. ناماز ئارقىلىق قەلبلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ بەرسۇن.

نامازلىرىمىز ئارقىلىق قەلبلىرىمىزگە راھەت-بەخش ئاتا قىلسۇن.....ئامىن......